# شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا كورېيە زۇڭتۇڭى، سىرى لانكا زۇڭتۇڭى بىلەن تېلېفونلاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۆز ئارا يۇقۇمنىڭ «نۆل كىرىش» رېكورتىنى ياراتتى. ئىككى تەرەپ يەنە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتىدە، باشلامچىلىق بىلەن مۇھىم، زۆرۈر خادىملار بېرىش - كېلىش قىلىدىغان «تېز، قولاي يول»نى ئېچىپ، رايون كەسىپ زەنجىرى، تەمىنات زەنجىرى، ئەشيا ئوبوروت زەنجىرىنىڭ راۋان يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى. جۇڭگو بىلەن كورېيەنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقى مول نەتىجە - ئۈنۈم بېرىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئۆز ئالدىغا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش چوڭ ۋەزىيىتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپلا قالماي، «ياخشى قوشنىلار ئالتۇنغا تېگىشكۈسىز» دېگەن داۋۇلنى چۈشەندۈردى، يەنە پۈتۈن يەر شارىدىكى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىق تەجرىبىلەرنى توپلاپ، ھەمكارلىق ئۈلگىسى تىكلەپ بەردى. جۇڭگو تەرەپ كورېيە تەرەپ بىلەن داۋاملىق بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش، دورا ۋە ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قوللاپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، 20 دۆلەت گۇرۇھى، شەرقىي - جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو - ياپونىيە - كورېيە قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك رامكا ئىچىدە ئالاقىلىشىش ۋە ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئىككى تەرەپلىك ھەمكارلىق ۋە خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن كورېيە كۆچۈپ كەتمەيدىغان دوستانە يېقىن قوشنىلار. ئىككى دۆلەتنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، رايون تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداش، كۆپ تەرەپچىلىك ۋە ئەركىن سودىنى قوغداش جەھەتتىكى ئورتاق مەنپەئەتى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى كېڭەيتىش، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىش بوشلۇقى بارغانسېرى چوڭىيىۋاتىدۇ. مەن جۇڭگو - كورېيە مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، سىز بىلەن ئىستراتېگىيەلىك ئالاقىنى كۈچەيتىشنى، جۇڭگو - كورېيە مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە يېتىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشنى خالايمەن.

ۋېن زەيىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگونىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشى كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشتى، مەن بۇنىڭغا يۈكسەك باھا بېرىمەن، پات يېقىندا ئېچىلىدىغان جۇڭگونىڭ مەملىكەتلىك ئىككى يىغىنىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا ئالدىن تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن! كورېيە - جۇڭگو ئىككى دۆلىتىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى تەپەككۇرى ۋە تەدبىرى ئوخشىشىپ كېتىدۇ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى، بولۇپمۇ باشلامچىلىق بىلەن «تېز، قولاي يول»نى ئېچىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ھەمكارلىقىنىڭ كۈچلۈك سىگنالىنى تارقاتتى، شۇنداقلا دۇنيا ئۈچۈن ئۈلگە تىكلەپ بەردى. كورېيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن داۋاملىق ئالاقىلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئىتتىپاقلىشىشى، ئۆز ئارا ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىش، يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا تۆھپە قوشۇشتا ئاكتىپ رول ئويناشنى خالايدۇ. كورېيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن قويۇق ئالاقىنى ساقلاپ، كورېيە - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كەچتە سىرى لانكا زۇڭتۇڭى گوتابايا بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، سىرى لانكا جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەر جۇڭگو تەرەپنى پائال قوللىدى، قەلبنى ئىللىتىدىغان نۇرغۇن ھەرىكەتلەر كىشىنى تەسىرلەندۈردى. سىزنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىڭىزدە، سىرى لانكا يۇقۇمنىڭ تارقىلىشى، يامرىشىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ قالدى. جۇڭگو تەرەپ سىرى لانكا تەرەپنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، داۋاملىق قەتئىي قوللاشنى ۋە قۇربىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىشنى خالايدۇ. سىرى لانكا خەلقىنىڭ چوقۇم يۇقۇم ئۈستىدىن بالدۇراق غەلىبە قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. سىرى لانكا ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ يۇقۇم مەزگىلىدە سىرى لانكىدىكى جۇڭگو پۇقرالىرىغا غەمخورلۇق قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن. جۇڭگو تەرەپ جۇڭگودىكى سىرى لانكا پۇقرالىرىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا داۋاملىق كاپالەتلىك قىلىدۇ. جۇڭگو تەرەپ سىرى لانكا قاتارلىق خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى داۋاملىق قوللاپ، خەلقئارا بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىپ، قول تۇتۇشۇپ ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا مۇناسىۋەتلىك بۇ مەيدان قوغداش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو - سىرى لانكا ئۆز ئارا سەممىيلىك بىلەن ياردەم بېرىدىغان، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد دوستانە ئۆتىدىغان ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىرى. ئىككى دۆلەتنىڭ دوستلۇقى ۋە ئۆز ئارا ئىشەنچىسى سىناقلاردىن ئۆتكەن بولۇپ، بۇ قېتىمقى يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش داۋامىدا يەنە بىر قېتىم يۈكسەلدى. ئىككى تەرەپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتىدە، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مۇھىم، زور ھەمكارلىق تۈرلىرىنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىپ، يۇقىرى سۈپەتتە «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. بۇ، سىرى لانكا ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە كۈچ قوشىدۇ.

گوتابايا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: سىزنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىڭىزدە، جۇڭگونىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشى كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشتى، جۇڭگو خەلقى ئاجايىپ ئەقىل - پاراسىتى ۋە كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلدى. سىرى لانكا - جۇڭگو دوستلۇقى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنىڭ ئىلگىرىلىشى ئوڭۇشلۇق بولماقتا. ئۇزاقتىن بۇيان، جۇڭگو تەرەپ سىرى لانكىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەت ۋە ياردەم بىلەن تەمىنلىدى، سىرى لانكا خەلقى بۇنىڭغا چىن قەلبىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ. مەن سىز ئوتتۇرىغا قويغان ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىنى ئالقىشلايمەن، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىدا رەھبەرلىك رولىنى ئوينىشىنى قوللىغانلىقىڭىزنى قۇۋۋەتلەيمەن. سىرى لانكا تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئىقتىساد - سودا، ساياھەت، ئۇل ئەسلىھە قاتارلىق ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، كولومبو پورت شەھىرى قاتارلىق «بىر بەلباغ، بىر يول» مۇھىم، زور ھەمكارلىق تۈرلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئالغا سىلجىتىشنى خالايدۇ، تېخىمۇ كۆپ جۇڭگو تەرەپ كارخانىلىرىنىڭ سىرى لانكىغا كېلىپ مەبلەغ سېلىپ ھەمكارلىشىشنى قارشى ئالىدۇ. سىرى لانكا تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

---

(بېشى 2 - بەتتە)

تەييۈەن پولات - تۆمۈر گۇرۇھى داتلاشماس پولات، سېپتا تاسما پولات چەكلىك شىركىتى «قولدا يىرتقىلى بولىدىغان پولات»تىن ئىبارەت بۇ كوزىر مەھسۇلاتقا تايىنىپ تېز تەرەققىي قىلدى، شۇنداقلا سەنشىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇش، تىپ ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلىشىنىڭ چوڭقۇر ئەھمىيىتىنى ئەكس ئەتتۈردى.

«تەييۈەن پولات - تۆمۈر گۇرۇھى سەنشى، ھەتتا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە پولات - تۆمۈر ياساش ساھەسىدىكى ئىنتايىن مۇھىم كارخانا بولۇپ، سەنشىنىڭ ئىقتىساد قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئەلالاشتۇرۇش ۋە تىپ ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رولغا ئىگە.» ئىشلەپچىقىرىش سېخى ئىشىكىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ چۆرىدەپ كەلگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى بىلەن سەممىي پىكىر ئالماشتۇردى: «سىلەرنىڭ غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، يۇقىرى تېخنىكىلىق ياسىمچىلىقتا پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش جەھەتتە ئۈزلۈكسىز باتۇرلۇق بىلەن يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەپ، ئىلغار ياسىمچىلىققا تىرەك بولۇش جەھەتتە يېڭى، تېخىمۇ چوڭ قەدەم تاشلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن».

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەركەزنىڭ سىياسەت جەھەتتىن قوللىشىدا، سەنشىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەر، يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلەرنىڭ قوشۇلما قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەتنىڭكىدىن تېز بولدى، كۆمۈردىن باشقا سانائەت، ياسىمچىلىقنىڭ ئېشىش سۈرئىتى كۆمۈر سانائىتىنىڭكىدىن تېز بولدى، كەسىپ قۇرۇلمىسى، ئېنېرگىيە قۇرۇلمىسى تەدرىجىي ئەلالاشتى، سەنشىنىڭ ئېنېرگىيە ئىنقىلابى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى يولغا قويۇشى ۋە دۆلەت بايلىق تىپىدىكى ئىقتىسادنىڭ تىپ ئۆزگەرتىش ئۇنىۋېرسال ياندىش ئىسلاھاتى تەجرىبە رايونى قۇرۇشنىڭ غايەت زور ئۈنۈم ئېففېكتى تەدرىجىي نامايان بولماقتا.

باش شۇجى شى جىنپىڭ سەنشى ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغاندا يەنە بىر قېتىم مۇنداق تەكىتلىدى: «سەنشى ئېنېرگىيە ئىنقىلابى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش تەلىپىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئەلالاشتۇرۇشتا سىجىل تۈرتكە بولۇپ، بىر تۈركۈم ئۆزگىرىش خاراكتېرلىك، يېتەكلەش خاراكتېرلىك، بەلگە خاراكتېرلىك تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، يېرىك تەرەققىيات شەكلىنى تۈپتىن چۆرۈپ تاشلىشى كېرەك».

سەنشى ئىلگىرى كۆمۈر سەۋەبىدىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئۆلكە بولۇپ، ھازىر يېڭى دەۋردىكى تىپ ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلىش، يېشىل تەرەققىي قىلىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىشنىڭ گۈزەل يۆگمە رەسىمىنى سىزىپ چىقماقتا!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، تەييۈەن، 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

باغچە رايونى قۇرۇش، كەسىپلەرنى توپلاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىغا مۇلازىمەت قىلىش كېرەك.

ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا، چېن چۈەنگو بىر كۈندىلىك خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى كارخانىسىغا كىرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ كارخانىنى ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش، بازار ئېھتىياجىنى كېڭەيتىش، مەھسۇلات ئاشۇرۇشنى چىڭ كۆزلەش، تىرىشىپ ئەلالاشتۇرۇش، كۈچەيتىشكە ئىلھاملاندۇردى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر كارخانىلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئىگىلەپ، قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، كارخانىلارنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

پۇقرالار بازىرى، خەلققە پايدىلىق ياخشى بۇيۇملاردىن بەھرىلىنىش بازىرى، خەلققە قولاي تاۋارلار سودا بازىرىنى تەسىس قىلىپ، ھەقسىز يايما ئورنى ۋە تەكسە باھالىق تاۋارلار بىلەن تەمىنلەش ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كۆپ يوللار ئارقىلىق قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش، كەسىپنى، بازارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن قوللانغان بىر تۈرلۈك يېڭى تەدبىرى. بازاردا كىيىم - كېچەك، ئاياغ، باش كىيىم، كۈندىلىك تۈرلۈك ماللار، مېۋە - چېۋە، قوشۇمچە يېمەكلىك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تولۇق ئىدى. چېن چۈەنگو تىيانشان شىمېن پۇقرالار بازىرىغا كېلىپ، باشقۇرغۇچى خادىملار، ھەر مىللەت تىجارەتچىلەر بىلەن سەمىمىي پاراڭلاشتى، تىجارەت كىرىمى، بازارنىڭ باشقۇرۇلۇشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى پائال كېڭەيتىپ، بازار تەمىناتىنى بېيىتىپ، تىجارەت تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سەھىيە ۋە ئوت مۇداپىئە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، خەلققە قولاي، خەلققە پايدىلىق، خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان بازارلارنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش كېرەك.

چېن چۈەنگو تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرتىدە، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقى چوڭ ۋەزىيىتىنى قەتئىي قوغداپ، تەرەققىياتتىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك. دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يولغا قويۇشتا ئۈنۈملۈك بولغان ئۇسۇللاردا چىڭ تۇرۇپ، تەستە قولغا كەلگەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى تېزلىتىپ، 1 -، 2 -، 3 - كەسىپنىڭ ماس تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. سىياسەت پايدىسىنى تولۇق قويۇپ بېرىپ، مەركەزنىڭ يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان بىر قاتار ماكرولۇق سىياسەتلىرىدىن تولۇق، جانلىق، ياخشى پايدىلىنىپ، مالىيە - پۇل مۇئامىلە، باج كېمەيتىش - ھەققىنى تۆۋەنلىتىش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش - ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق يۆلەش سىياسەتلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك سىياسەتلەر ياخشى ھەمتۈرتكە بولۇش، ئورتاق كۈچەش ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، سىجىل تۈردە بازار ئىشەنچى، جەمئىيەت ئىشەنچى، كارخانا ئىشەنچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئىقتىسادنىڭ ھاياتىي كۈچىنى كۈچەپ قوزغىتىپ، مۇھىم، زور مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىنىڭ تۈرتكىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىشنى ياخشى تۇتۇپ، ئەمەلىي بۇيۇم ئىستېمالى ۋە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ئىستېمالنىڭ تېز تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، تاشقى سودىنى مۇقىملاشتۇرۇش، تاشقى مەبلەغنى مۇقىملاشتۇرۇشقا كۈچەش كېرەك. مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۈكنى يېنىكلىتىش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىشنى تەڭ قوللىنىپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى پۇختا تۇتۇپ، كۆپ يوللار ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىنىش، ئىگىلىك تىكلەشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. بازار سۇبيېكتىنى سىجىل جانلاندۇرۇپ، كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق ساھە، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار ۋە يەككە سودا - سانائەتچىلەرگە ياردەم بېرىش - يۆلەش سالمىقىنى زورايتىپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق قوزغىتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك. تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇلازىمەت ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، كارخانىلارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن قولاي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئادىل مۇھىت يارىتىپ بېرىش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆ خەيرۇڭ، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار بىللە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۆلچەمنى تۈزۈش، تۈزىتىش خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، ئوبوروت، بىخەتەرلىك تېخنىكىسى ئۆلچىمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆلچەمنى ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. پەن - تېخنىكىنىڭ تېخنىكا ئۆلچىمى بىلەن تەمىنلەشكە تىرەك بولۇشىنى كۈچەيتىپ، بىر قاتار يۈرۈشلەشكەن تېخنىكا ئۆلچىمى سىستېمىسىنى تىرەك قىلغان ئۆلچەملەشكەن ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى تۈر قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، كارخانا، بازا، باغۋەنلەرنىڭ باغ - ئورمانچىلىقنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا بولغان بىلىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆلچەمنى تەشۋىق قىلىدىغان، ئۆلچەمنى ئىجرا قىلدۇرىدىغان، ئۆلچەمنى قوللىنىدىغان ياخشى كەيپىيات يارىتىپ، باغ - ئورمانچىلىق تېخنىكىسى ئۆلچىمىنى ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. باغ - ئورمانچىلىقنى ئۆلچەملەشتۈرۈش تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ۋە قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، مۇقىم خىراجەت كاپالىتى مېخانىزمىنى ئورنىتىش، باغ - ئورمانچىلىقنى ئۆلچەملەشتۈرۈش تەرەققىياتىنى تەشۋىق قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش، باغ - ئورمانچىلىقنى ئۆلچەملەشتۈرۈش بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ باغ - ئورمانچىلىقىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېزا ئىگىلىك ئۇرۇق پىلازمىسى بايلىقى دۆلەتنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكى، ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكى ۋە مۇھىم دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىدىغان ئىستراتېگىيەلىك بايلىق، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق پەن - تېخنىكىسىدا دەسلەپكى يېڭىلىق يارىتىش ۋە زامانىۋى ئۇرۇقچىلىق تەرەققىياتىنىڭ ماددىي ئاساسى. ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، توپلاش ۋە قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك يىغىشنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئۇرۇق پىلازمىسى بايلىقىنى قوغداش رايونى، ئۇرۇق ساقلاش مەيدانى، ئۇرۇق پىلازمىخانىسى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى كۈچەيتىپ، ئۇرۇق پىلازمىسى بايلىقىنى قوغداش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئۇرۇق پىلازمىسى بايلىقىنى باھالاپ بېكىتىش سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئۇرۇق پىلازمىسى بايلىقىنىڭ بىرلىككە كەلگەن سالاھىيەت ئۇچۇرىنى باشقۇرۇشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئۇرۇق پىلازمىسى بايلىقىدىن يۇقىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى كۈچەيتىپ، كارخانىلارنىڭ ئۇرۇق پىلازمىسى بايلىقىدىن يېڭىلىق يارىتىپ پايدىلىنىشتىكى سۇبيېكتلىق ئورنىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يەرلىك خاسلىققا ئىگە سورتلارنى ئېچىشنى ئاساس قىلغان بىر تۈركۈم ئۇرۇقچىلىق كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بايلىق ئەۋزەللىكىنى كەسىپ ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

مەنپەئەت دەۋاسىنى تەپتىش قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى (دەسلەپكى لايىھە)» «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تۇرپان شەھەرلىك، باشئەگىم شەھەرلىك، قوشئۆگۈز شەھەرلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىشىنى كېچىكتۈرۈش توغرىسىدىكى قارارى (دەسلەپكى لايىھە)» «ئاپتونوم رايوننىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش نىزامى (تۈزىتىلمە دەسلەپكى لايىھە)»نى قاراپ چىقىش ئەھۋالى؛ «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ كۆكەرتىشنى باشقۇرۇش نىزامى» «قاراماي شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ‹قاراماي شەھىرىنىڭ شەھەر - يېزا يېرىك پىلانى نىزامى›غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى» «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ‹كورلا شەھەر رايونىدا ئىت بېقىشنى باشقۇرۇش نىزامى›نى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى قارارى» «مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ مەدەنىي ئىش - ھەرىكەتنى ئىلگىرى سۈرۈش نىزامى»نىڭ تەكشۈرۈش ئەھۋالى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 2020 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك خامچوتنى تەڭشەش لايىھەسى (دەسلەپكى لايىھە) توغرىسىدىكى دوكلاتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ 2020 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك خامچوتنى تەڭشەش لايىھەسى (دەسلەپكى لايىھە)نى تەكشۈرۈش دوكلاتى، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىنىڭ ۋەكىللەر تەكلىپىنى قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى، كادىرلارنى تەيىنلەش - قالدۇرۇش تەكلىپىنى قاراپ چىقىش توغرىسىدىكى ئەھۋال ئاڭلاپ ئۆتۈلۈپ، يۇقىرىقى قارارلار (دەسلەپكى لايىھە) قاتارلىقلارنى دائىمىي كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا ئاۋازغا قويۇشقا سۇنۇش قارار قىلىندى.

يىغىندا دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ ئەرزىيەت نىزامى (دەسلەپكى لايىھە)»نى قاراپ چىقىش ئەھۋالى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ قاراپ چىقىش پىكرىگە ئاساسەن، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۇ نىزام (دەسلەپكى لايىھە)نى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ دەللەپ ۋە تۈزىتىپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كېيىنكى دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى.

يىغىندا يەنە دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ داۋالىنىش كاپالىتى خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوتتۇرا - كىچىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش قانۇنى» ھەم «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوتتۇرا - كىچىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» «ئاپتونوم رايوننىڭ يېزىلاردىكى نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش نىزامى» «ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى خىزمىتى نىزامى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى» «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» ھەم مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «قانۇنسىز ياۋايى ھايۋانلار سودىسىنى ئومۇميۈزلۈك چەكلەش، ياۋايى ھايۋانلارنى خالىغانچە يېيىش ناچار ئادىتىنى تۈگىتىش، ھەقىقىي تۈردە خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، ساغلاملىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدىكى قارار»ىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى قاراپ چىقىش ئەھۋالى ئاڭلاپ ئۆتۈلۈپ، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ قاراپ چىقىش پىكرىنى توپلاپ، رەتلەپ، تەرتىپ بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەتقىق قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارار قىلىندى.